# يېقىندا تاللاش ۋە دىندا بولمىغان مۇنكەر ئىشلار بولىدۇ»، ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئۇ ۋاقىتتا بىزنى نېمە قىلىشقا بۇيرىيلا؟ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام :«سىلەر ئۈستۈڭلاردىكى ھەقنى ئادا قىلىڭلار، سىلەرنىڭ ھەققىڭلارنى ئاللاھدىن سوراڭلار

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يېقىندا تاللاش ۋە دىندا بولمىغان مۇنكەر ئىشلار بولىدۇ»، ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئۇ ۋاقىتتا بىزنى نېمە قىلىشقا بۇيرىيلا؟ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام :«سىلەر ئۈستۈڭلاردىكى ھەقنى ئادا قىلىڭلار، سىلەرنىڭ ھەققىڭلارنى ئاللاھدىن سوراڭلار».

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام يېقىندا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا بەزى رەھبەرلەرنىڭ ئىگە بولىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مېلىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دۇنيا ئىشلىرىنى تاللايدىغانلىقى، مالنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغانلىقى، مۇسۇلمانلارنى ئۇ مالدىكى ھەققىدىن چەكلەپ قويىدىغانلىقىنى خەۋەر بەردى. ئۇلارنىڭ ئېچىدە دىندا بولمىغان مۇنكەر ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. ساھابىلار: ئۇ ۋاقىتتا نېمە قىلىدىغانلىقىنى؟ سورىدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خەۋەر بېرىپ، ئۇلارنىڭ مالنى يالغۇز ئىگەللىۋېلىشى سىلەرنى ئۈستۈڭلاردا ۋاجىپ بولغان ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن چەكلەپ قويمىسۇن، بەلكى سەۋىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇيرىقىغا ئىتائەت قىلىپ ئىشتا تالاش-تارتىش قىلماڭلار، ئاللاھتىن ئۆزۈڭلارنىڭ ھەققىنى ۋە ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىشنى سوراڭلار، ئۇلارنىڭ يامانلىق ۋە زۇلۇم قىلىشىدىن ساقلىشىنى ئاللاھ تائالادىن سوراڭلار.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3156